# شى جىنپىڭ ئارگېنتىنا زۇڭتۇڭى فېرناندېس بىلەن ئۆزئارا خەت ئەۋەتتى

(بېشى 1-بەتتە)

جۇڭگو تەرەپ ئارگېنتىنا تەرەپ بىلەن ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ئېچىش ۋە ئىشلىتىش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، ئارگېنتىنانىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىنى داۋاملىق قۇربىنىڭ يېتىشىچە قوللاشنى ۋە ياردەم بېرىشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو-ئارگېنتىنا مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئارگېنتىنا تەرەپ بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى يۇقىرى سۈپەتلىك ئورتاق قۇرۇش ھەمكارلىقىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگو-ئارگېنتىنا ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ سىجىل، چوڭقۇر تەرەققىياتىغا ئورتاق يېتەكچىلىك قىلىشنى خالايدۇ.

فېرناندېس ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە جۇڭگونىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە يۈكسەك باھا بەردى، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئارگېنتىنا تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىنى قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى. فېرناندېس مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يۇقۇمنىڭ زەربىسى ئالدىدا، ھەرقايسى دۆلەتلەر بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، بىر-بىرىنى قوللاپ، رەئىس شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى بەرپا قىلىشقا كۈچ چىقىرىشى كېرەك. جۇڭگو نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشانىنى قەرەلدە تاماملىدى ھەم پەن-تېخنىكا ساھەسىدە ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ھەم جۇڭگو خەلقىگە بەخت ياراتتى، ھەم پۈتۈن ئىنسانىيەتنى نەپكە ئېرىشتۈردى. ئارگېنتىنا بىلەن جۇڭگو ئوخشاشلا كۆپ تەرەپچىللىكنى تەشەببۇس قىلىدۇ، دۆلەتلەر ئارا سۆزلىشىشنى، رايون سۆھبىتىنى كۈچەيتىشنى، ئىناق تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى قوللايدۇ. «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى ئىككى دۆلەتنىڭ ئالاقىنى ئۆزئارا راۋانلاشتۇرۇش ۋە ئۆزئارا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا پايدىلىق، ئارگېنتىنا تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن ۋاكسىنا قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئارگېنتىنا-جۇڭگو ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىدە تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

---

(بېشى 1-بەتتە)

مەركىزىي كومىتېتى 2-، 3-، 4-، 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، پارتىيە نىزامنامىسى تۈپ مىزان قىلىنىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش پىرىنسىپى ۋە ئومۇمىي تەلىپى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، پارتىيە نىزامنامىسىدە بەلگىلەنگەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتى ئىنچىكىلەشتۈرۈلۈپ، كاپالەت تەدبىرلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، پارتىيە تەشكىلاتى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مەسئۇلىيىتى، ۋەزىپىسى چېكىتلىنىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى توغرا يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىنغان بولۇپ، پارتىيەمىزنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمى ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سۇبيېكتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق كۆرەش قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: كەڭ پارتىيە ئەزالىرى مەجبۇرىيەت بىلەن ھوقۇق-مەنپەئەتنىڭ دىيالېكتىك بىرلىك مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇشى ۋە بىر تەرەپ قىلىشى، ھوقۇق-مەنپەئەتنى يۈرگۈزۈشتە جەزمەن مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش، مەسئۇلىيىتىنى زىممىگە ئېلىش، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «نىزام»نىڭ يولغا قويۇلۇشىغا بولغان تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىشنى ياخشى تۇتۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە ھوقۇق-مەنپەئەتى توغرىسىدىكى دائىملىق تەربىيەنى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىدىكى ۋەزىپە-مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، تۈزۈم-مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىجرا قىلىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيە ئەزالىرىنى ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى ئاكتىپ جارى قىلدۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك. «نىزام»نىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇش، ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئۇنى كۆزدىتىش، تەكشۈرۈشنىڭ مەزمۇنى قىلىپ، «نىزام»دىكى تۈرلۈك بەلگىلىمىلەرنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار «نىزام»نى ئىجرا قىلىش جەريانىدىكى مۇھىم ئەھۋال ۋە تەكلىپلەرنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاقتىدا دوكلات قىلىشى كېرەك.

---

(بېشى 1-بەتتە)

قارشىلىشىش مەشقىنى كۈچەيتىپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش، جەڭگە كىرىش بويىچە مەخسۇس ھۇجۇم پىششىق مەشقىنى كۈچەيتىپ، ھەربىي كۈرەشنىڭ بىرىنچى سەپىدە ئەسكەرلەرنى مەشقلەندۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئۇرۇش بىلەن مەشقنىڭ چوڭقۇر باغلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئۇرۇش قىلىش بىلەن مەشق قىلىشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەرقانداق شارائىتتا ئۇرۇشقا تەييار تۇرىدىغان، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۇرۇش قىلالايدىغان بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

بىرلەشمە ئۇرۇش-بىرلەشمە مەشقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بىرلەشمە مەشق قىلىش ئارقىلىق ئارمىيە تۈرلىرى مەشقىگە يېتەكچىلىك قىلىش، ئارمىيە تۈرلىرى مەشقى ئارقىلىق بىرلەشمە مەشققە تىرەك بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك مۇھىم، زور مەسىلىلەر بويىچە تەتقىق قىلىش، مەشق قىلىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بىرلەشمە قوماندانلىق قىلىش مەشقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ساھە ھالقىغان، ئارمىيە تۈرى ھالقىغان بىرلەشمە مەخسۇس تۈر مەشقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئارمىيە بىلەن يەرلىكنىڭ بىرلەشمە مەشقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئارمىيەمىزنىڭ خاس بىرلەشمە مەشق سىستېمىسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، بىر گەۋدىلەشكەن بىرلەشمە ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىنى تېز ئۆستۈرۈش كېرەك.

پەن-تېخنىكا ئارقىلىق مەشقنى كۈچەيتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پەن-تېخنىكا — يادرولۇق جەڭگىۋار كۈچ دېگەن ئىدىيەنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، زامانىۋى پەن-تېخنىكا، بولۇپمۇ ھەربىي ئىشلار يۇقىرى تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، يېڭى قورال-جابدۇق، يېڭى كۈچ، يېڭى ساھە مەشقى ۋە ئۇنى ئۇرۇش قىلىش سىستېمىسىغا سىڭدۈرۈش مەشقىنى كۈچەيتىپ، تەقلىدىيلەشتۈرۈش، تورلاشتۇرۇش، قارشىلىشىش ۋاسىتىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، «پەن-تېخنىكا +» «تور +» قاتارلىق مەشق ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، مەشقنىڭ پەن-تېخنىكا تەركىبىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈش كېرەك.

مەشقنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەشق باشقۇرۇش ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىپ، مەشق يىرىك پىلانىنى بىرتۇتاش پىلانلاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەشققە ئالاقىدار قائىدە-نىزام، ئۆلچەملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەشق مەزمۇنى، ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، پروگراممىا بويىچە مەشق قىلىشنى چىڭىتىپ، مەشق نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، مەشقنى تەكشۈرۈش، باھالاشنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مەشق بىخەتەرلىكى بويىچە ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇپ، قاتتىق مەشق قىلىش، ئىلمىي مەشق قىلىش، بىخەتەر مەشق قىلىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

پۈتۈن ئارمىيەدىكى كوماندىر-جەڭچىلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ تەدبىر-يوليورۇقلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، جاپادىنمۇ، ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدىغان كۈرەش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، مەشق ئىستىلىنى توغرىلاپ، كۈرەش ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇپ، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ماھارەتنى تاۋلاپ، پارتىيە ۋە خەلق يۈكلىگەن يېڭى دەۋردىكى بۇرچ-ۋەزىپىلەرنى قەتئىي ئورۇنداپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىشى كېرەك.

---

(بېشى 1-بەتتە)

ئېلىش-تىزگىنلەش، جەمئىيەت مۇقىملىقى، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇپ، ئەبەدىي ئەمىنلىككە مۇناسىۋەتلىك نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، «14-بەش يىل»نى ياخشى باشلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتىدىكى ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

بىرىنچىدىن، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك. سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قانۇنچىللىق روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەلىپىنى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. پارتىيە كومىتېتى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ھۆكۈمەت مەسئۇل بولىدىغان، جەمئىيەت ماسلىشىدىغان، ئامما قاتنىشىدىغان، قانۇنچىللىق كاپالەتلىك قىلىدىغان جەمئىيەت ئىدارە قىلىش تۈزۈلمىسىنى ئومۇميۈزلۈك شەكىللەندۈرۈپ، ئورتاق قۇرىدىغان، ئورتاق ئىدارە قىلىدىغان، ئورتاق بەھرىلىنىدىغان جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئەندىزىسى بەرپا قىلىش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش، كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيەنىڭ مىللەت سىياستىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى تارىخى، جۇڭخۇا مىللىتى كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن ئەندىزىسى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى تەربىيەسىنى شىنجاڭنىڭ كادىرلار تەربىيەسى، ياشلار، ئۆسمۈرلەر تەربىيەسى، جەمئىيەت تەربىيەسىگە كىرگۈزۈپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى توغرا بولغان دۆلەت قارىشى، تارىخ قارىشى، مىللەت قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى، دىن قارىشى تۇرغۇزۇشقا تەربىيەلەش، يېتەكلەش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى-تەرەققىياتى تەربىيەسىنى سىجىل قانات يايدۇرۇپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى-تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىلىك رايوننى پائال بەرپا قىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كەڭ ئالاقىلىشىشى، ئومۇميۈزلۈك ئالماشتۇرۇشى، چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، دىنلارنىڭ ئېجىل-ئىناقلىقى، ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى ئاساسىي فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، قانۇنلۇقلىرىنى قوغداش، قانۇنسىزلىرىنى چەكلەش، ئەسەبىيلىكنى توسۇش، سىڭدۈرمىچىلىككە تاقابىل تۇرۇش، جىنايەتكە زەربە بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قەتئىي قوغداش كېرەك. پارتىيەنىڭ ئىدېئولوگىيە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي بايراقنى كۆتۈرۈپ، خەلق رايىنى مۇجەسسەملەپ، يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈپ، ئوبرازنى نامايان قىلىپ، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، زىيالىيلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنىۋى يۇرت-ماكانىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

بەشىنچىدىن، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلقنى مەركەز قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كۈچەپ يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، خاس، ئەۋزەل كەسپلەرنى زورايتىش، ئېچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچكى-تاشقى ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، يېزا-كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئالغا سىلجىتىش، ئادەم يادرو قىلىنغان يېڭىچە شەھەر-بازارلاشتۇرۇش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە بەرپا قىلىشنى ياخشى تۇتۇپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىشنىڭ ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمنى زورايتىپ، خەلق تۇرمۇشىغا يېقىنلىشىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، زور كۈچ بىلەن خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەخت-سائادىتىنى ئاشۇرۇش كېرەك. خەلقنى مەركەز قىلىدىغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان ئۇن تۈرلۈك قۇرۇلۇشنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك.

يەتتىنچىدىن، تاشقى تەشۋىقات سالمىقىنى زورايتىپ، شىنجاڭ ھېكايىسىنى كۆپ قاتلاملىق، ھەر تەرەپلىمە، ئىستېرېئولۇق ياخشى سۆزلەش كېرەك. تەشۋىقات شەكلى ۋە ۋاستىسىدا يېڭىلىق يارىتىپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىم بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى، خەلقنىڭ خاتىرجەم ياشاۋاتقان، خۇشال-خۇرام ئىشلەۋاتقان بەختلىك تۇرمۇشىنى مەردانىلىك بىلەن تەشۋىق قىلىش كېرەك.

سەككىزىنچىدىن، بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە جەنۇبقا قاراپ تەرەققىي قىلىشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللاپ، بىڭتۇەننىڭ ئالاھىدە رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك بىر تاختا شاھمات، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك بىر ئائىلە دېگەن ئىدىيەنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، مۇقىملىقنى قوغداش ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى، تەشكىللەش ئەۋزەللىكى ۋە سەپەرۋەرلىك ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن قوللاپ، بىڭتۇەننىڭ ئالاھىدە رولىنى جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاش كېرەك.

توققۇزىنچىدىن، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيەنىڭ شىنجاڭدىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش كېرەك. پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە ھەر مىللەت كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنى كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ شىنجاڭدىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز پۇختىلاش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، بىڭتۇەن رەھبەرلىك بەنزىسى ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايون (مەركەز)غا بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە، شەھەر، رايون ۋە بىڭتۇەننىڭ ھەرقايسى شى، شەھەرلىرى، تۇەن-چاڭلىرىدىكى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتتىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

# 226 قىزىل بارماق ئىزى ئېلىپقالغان ياخشى ئەترەت باشلىقى

—— ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار خىزمەتچى دا.جىگەن توغرىسىدا

ئەمگەكچىلەر ناخشىسى

□ ئانار بۇلۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى جەزىرە نىسىپبېك

«ئەتراپتىكى يېزا-بازاردىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ بۇ كەنتتىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدۇ، پۇل تاپالايدۇ، دەيدۇ، بىز بۇنىڭدىن ناھايىتى پەخىرلىنىمىز، بۇنىڭ ھەممىسى ئەترەت باشلىقى دا.جىگەننىڭ ياردىمىدىن بولدى» دېدى 2020-يىلى 12-ئاينىڭ 26-كۈنى، لاماياۋ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى لى چېڭلىن.

دا.جىگەن نىلقا ناھىيەلىك باج ئىدارىسىنىڭ كۆكخوتقور موڭغۇل يېزىسى لاماياۋ كەنتتە تۇرۇشلۇق «ئەل ئەھۋالىنى ئىگىلەش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1-شۇجى، ئۇ يېقىندىلا ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار خىزمەتچى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

2017-يىلى، لاماياۋ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىلىرى 226 قىزىل بارماق ئىزى بېسىلغان بىرلەشمە ئىمزالىق خەت بىلەن كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان دا.جىگەننى ئېلىپ قالدى.

2017-يىلىنىڭ بېشىدا، دا.جىگەن لاماياۋ كەنتىگە كەلگەندە، پۈتۈن كەنتتىكى 393 ئائىلىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك نامرات ئائىلە ئىدى. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر ئاز، بىرمۇ يول چىرىغى يوق بولۇپ، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى يولدا چاڭ-توزان كۆتۈرۈلسە، يامغۇرلۇق كۈنلەردە پاتقاق بولۇپ كېتەتتى.

كەنتتە تۇرغان بىرىنچى يىلى، دا.جىگەننىڭ ئەڭ كۆپ قىلغان ئىشى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۈرلۈك قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىش بولدى. كەنت ئاھالىلىرىنىڭ دا.جىگەننىڭ ھەل قىلىپ بېرىشىنى ئۈتۈنگەن بىرىنچى ئىلتىماس-تەلىپىگە ۋاقتىدا جاۋاب بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تېلېفونى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ قىزىق لىنىيەسىگە ئايلاندى، ھەر كۈنى كەنت ئاھالىلىرى ئىشلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئىزدەيتتى. دا.جىگەن يان تېلېفونىنى 24 سائەت ئوچۇق قويۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى ھەر ۋاقىت كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى.

«2017-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئەترەت باشلىقى دا.جىگەن قايتماقچى بولغاندا، بىز ئۇنىڭغا قىيالماي، بىرلەشمە ئىمزالىق خەت يېزىپ، بارماق بېسىپ ئۇنى ئېلىپ قېلىشنى تەلەپ قىلدۇق» دېدى كەنت ئاھالىسى خەي جېڭچى.

دا.جىگەن قېيقالدى، كەنتتە تۆت كىلومېتىر ئاسفالت يول ياسالدى، 83 يول چىرىغى ئورنىتىلدى، ھەممە ئائىلىگە تۇرۇبا سۈيى يەتكۈزۈلدى...

لاماياۋ كەنتى كەلكۈن ئاپىتى ئاسان يۈز بېرىدىغان جىلغا ئېغىزىغا جايلاشقان بولۇپ، كەنت ئاھالىلىرى ھەر يىلى كەلكۈن كېلىشتىن ھەممىدىن بەكرەك ئەنسىرەيتتى. كەنتتە ياسالغان توپا ئۆستەڭنىڭ كەلكۈن چەكلەش ئىقتىدارى ئاجىز بولۇپ، 2017-يىلىدىن ئىلگىرى كەنت بىر نەچچە قېتىم ئېغىر كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىغاندى.

دا.جىگەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى لاماياۋ كەنتىگە قوشنا بولغان كېمپىڭ كەنتىدە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىگە قاتناشقاندا، كەلكۈننىڭ زىرائەتلەرنى بېسىپ كەتكەنلىكىنى، ئۆيلەرنى ئۆرۈۋەتكەنلىكىنى، قوي-كالىلارنى ئېقىتىپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. 2017-يىلى لاماياۋ كەنتىگە كېلىپ كەنتتە تۇرغاندا، دا.جىگەن كەنتنىڭ كەلكۈن چەكلەش ئۆستىڭى قۇرۇلۇشىدىن ئىزچىل غەم قىلىپ كەلدى.

«چوقۇم ئۆستەڭ چېپىش كېرەك، بۇ، كەنتنىڭ جان تومۇرى.» دا.جىگەن قەتئىي نەيەتكە كەلدى. 2017-يىلى 5-ئايدا، 5 مىليون 600 مىڭ يۈەن كەلكۈن چەكلەش ئۆستىڭى ياساش مەبلىغى ئۇڭۇشلۇق تەستىقلاندى، دا.جىگەن كۆپچىلىكنى يېتەكلەپ كېچە-كۈندۈز قۇرۇلۇش قىلىپ، كەلكۈن چەكلەش ئۆستىڭىنى رېمونت قىلىپ ئوڭشىدى.

«2018-يىلى 7-ئايدا يەنە كەلكۈن كەلدى، لاماياۋ كەنتى ھېچقانداق زىيانغا ئۇچرىمىدى، بىز بۇنى كۆرۈپ، ھەرقانچە جاپا تارتساقمۇ ئەرزىيدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق» دېدى دا.جىگەن.

كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ئۆستىڭى بار بولغاندىن كېيىن، دا.جىگەن كەنتتە يەنە «كەرىمنى ئاشۇرۇش ئۆستىڭى»نىڭ يوقلۇقىنى بايقىدى، شۇنىڭ بىلەن تۈر مەبلىغىنى قولغا كەلتۈرۈپ، كەنتتە 3.2 كىلومېتىر كېلىدىغان ھويلا-ئاران ئۆستىڭى ياساپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھويلا-ئاران ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشلىرىنى جانلاندۇردى.

كەنتتە 5000 مو بىنەم يەر بولۇپ، ئىلگىرىكى يىللاردا يەر تېرىغانلار زىيان تارتىپ كەلگەنىدى. 2020-يىلى، دا.جىگەننىڭ پائال ماسلاشتۇرۇشى بىلەن، لاماياۋ كەنتىدە بىنەم يەرلەرنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى تۈرى تۇرغۇزۇلۇپ، سۇ باشلاپ تاغقا ئېلىپ چىقىپ يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلۇپ، بىنەم يەرنى سۇغىرىش قىيىن بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

لاماياۋ كەنتىدە، بېيىش ماھىرلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنى خۇددى بايرامدەك قىزىپ كېتىدۇ، تەقدىرلەنگەنلەر ئىچىدە باقمىچىلىق ماھىرلىرى، تېرىقچىلىق ماھىرلىرى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ماھىرلىرى قاتارلىقلار بار بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ماھىرلىرى ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەتتى، چۈنكى بۇ بىر نەچچە يىلدا كەنتتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ھەر يىلى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى 5 مىليون يۈەندىن كۆپرەك ئاشۇرۇشقا ئىمكانىيەت ياراتتى.

بۇ دا.جىگەننىڭ تۈرتكە بولۇشىدىن ئايرىلالمايدۇ.

2017-يىلى، دا.جىگەن نامرات ئائىلە جيا يۇۋسەينىڭ چوڭ تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىپ پۇل تېپىش ئويى بارلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى ياردەم تولۇقلىمىسى ئىلتىماس قىلىشىغا پائال ياردەملەشتى ھەم كېپىل بولۇپ ئۇنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇل بېجىرىشىگە ياردەم بەردى.

شۇ يىلى جيا يۇۋسەي يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى ئارقىلىق 60 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدى. دا.جىگەن كەنتتىكى شارائىتى يار بېرىدىغان دېھقانلارنى يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى سېتىۋېلىشقا داۋاملىق ئىلھاملاندۇردى ھەم ئۇلارنىڭ قەرز پۇل ئېلىشىنى پائال ماسلاشتۇردى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بويىچە تەربىيەلەش كۇرسى ئاچتى، يەنە كەنت ئاھالىلىرىنى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇپ، رايون ھالقىپ بىرتۇتاش مەشغۇلات قىلىشقا يېتەكلىدى.

دا.جىگەننىڭ تۈرتكىسىدە، نۆۋەتتە لاماياۋ كەنتىدىكى 42 ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسى 60 چوڭ-كىچىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىسى سېتىۋالدى، لاماياۋ كەنتىمۇ يىراق-يېقىنغا داڭلىق «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەنتى»گە ئايلاندى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى چوڭ ئائىلىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھەمىيىنىنى تومپايتىپلا قالماي، يەنە بىر تۈركۈم كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.

دا.جىگەن 2021-يىلى پۈتۈن كەنتنىڭ قىياپىتىنى يەنىمۇ ئۆزگەرتىشنى پىلانلىدى.

«كەنتتىكى ئەڭ يىراقتا ئولتۇرۇشلۇق بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئىشىكى ئالدىغىمۇ ئاسفالت يول تۇتاشتۇرۇلدى، كونا تام، سوقما تاملار يېڭىلاندى، كوچىلارمۇ كۆكەرتىلدى. 2021-يىلى بىز يەنە داۋاملىق تىرىشىپ، كەنتنى تېخىمۇ چىرايلىق قىلىمىز» دېدى دا.جىگەن.